# شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چۆرىدەپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك يولغا قويۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىللەت، دىن خىزمىتى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەربىيەسىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى كېڭەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداپ، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەپ، ئەسەبىيلىكنى توسۇپ، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇپ، جىنايەتكە زەربە بېرىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇنچىللىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەرەققىيات ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، تەرەققىياتنىڭ نەتىجىلىرىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئىشنى ياخشى ئىشلەپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر نامراتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يۈكسەلدۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا بىرمۇ مىللەتنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىڭتۈەن شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك كۈچ. بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، بىڭتۈەننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، ھەقىقىي تۈردە مۇقىملىقنى قوغداش، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، سىياسەت مەدەتتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىڭتۈەننى چېگرا رايوننى تىنچلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچقا، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى چوڭ پېچقا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مەركەز شىنجاڭ خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شى جۈن، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چېڭ لىخۇا، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ليۇ يۇڭفۇ، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى سۇڭ لياڭ ھەمراھ بولۇپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار ئالاقىدار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ياكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

## ئاپتونوم رايونىمىز «5G+ سانائەت ئالاقە تورى» ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتى دەل بۇ قېتىمقى «5G+ سانائەت ئالاقە تورى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك مىساللارنىڭ بىرى. 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جۇڭگو بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ شىركىتى بىلەن قول تۇتۇشۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۇنيا بويىچە توك بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى مۇنارىغا 5G ئاساسىي پونكىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. 5G تورى ئاساسىدا، شىنجاڭ بىرلەشمە خەۋەرلىشىشى ±1100 كىلوۋولتلۇق سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتىنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئۇچۇر ـ ئالاقە تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى. كاشىلىغا دىياگنوز قويۇش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە، سانجى توك ئالماشتۇرۇش پونكىتى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ھەم 5G تېخنىكىسىنى ئەمەلىي قوللىنىش، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى سىن بىلەن نەق مەيداندىكى كۆچمە سىننى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى سەييارە تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ـ رېمونت قىلىش ئارقىلىق، يىراق مۇساپە + نەق مەيداندا بىرلىشىپ تەكشۈرۈش ـ رېمونت قىلىشقا قوماندانلىق قىلىش ۋە بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى يەنە «شىنجاڭ كارخانىلىرىنى بۇلۇتقا چىقىرىش» خىزمىتىگە سىجىل تۈرتكە بولۇپ، ھازىرقى سۇپا بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ياكى ماسلىشىپ ياساش مەشغۇلات سىستېمىسى بۇلۇت سۇپىسى قۇرۇپ، باشلامچى كارخانىلار سانائەت ئالاقە تورى سۇپىسى بىلەن ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇپ، 5G تورى، تېرمىنال ئىقتىدارىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ۋە نازارەت قىلىش ـ ئۆلچەشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇلۇت ھېسابلاش، گىرۋەك ھېسابلاشنى ماس تەرەققىي قىلدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گو يۈفېڭ مۇنداق دېدى: سانائەت ساھەسىدە «5G+ سانائەت ئالاقە تورى» كارخانىسى ۋە ئاقىل باغچە رايونىنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، 5G تورى ئاساسىدىكى سانائەت ئالاقە تورى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ، ماشىنا كۆرۈش سېزىمى، سانائەت بەلگىسى، ئۆي ئىچى يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى ئورۇن بەلگىلەش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، ئۈسكۈنىلەرنى يىراق مۇساپىلىك مەشغۇلات قىلىش، ئاسراش، ماشىنا كۆرۈش سېزىمىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، كۆچمە ماشىنا ئادەم يول باشلاش قاتارلىق سانائەت ئالاقە تورىنى ئەمەلىي قوللىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق مەھسۇلات، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەشيا ئوبوروتى سىستېمىسى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرى ئارىسىدا يۇقىرى چاستوتىلىق يىغىش ھەم يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئالاقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈسكۈنىلەردىكى كاشىلا قېتىم سانىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتكىلى، ئۈسكۈنىلەرنىڭ مەشغۇلات قىلىش، ئاسراش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

## شىنجاڭنىڭ دۆلەت ھالقىغان توك تەمىنلەش 2 ـ لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەننەرخى يۇقىرى ھەم ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويغانىدى.

2019 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، موڭغۇلىيە دۆلىتى موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ بۇرگوستاي پورتى ھەم ئەتراپىتىكى رايونلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو تەرەپكە توك ئىشلىتىش ئىلتىماسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى تەرەپ توك تەمىنلەش لايىھەسى تۈزۈشنى بىرلىكتە تاماملاشنى قارار قىلدى. بۇ توك تەمىنلەش لىنىيەسى 2019 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇپ، 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈن لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلدى، لىنىيەنىڭ چېگرا ئىچى، چېگرا سىرتىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.6 كىلومېتىر بولۇپ، يېڭىدىن ئىككى ترانسفورموتور قۇرۇلدى، توك تەمىنلەش ئومۇمىي سىغىمى 515 كىلوۋولت ـ ئامپېر بولۇپ، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ بۇرگوستاي پورتىدا ئىش بېجىرىش ھەم ئەتراپىتىكى كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

2009 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، دۆلىتىمىز ئېلېكتىر تورى چىڭگىل ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدىغان موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ بۇلغۇن پورتىنى «يورۇتتى». شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، دۆلىتىمىز قۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئېلېكتىر تورى بۇلغۇن پورتىدىن شەرققە قاراپ ئۇزارتىلدى، موڭغۇلىيە دۆلىتى خوبدۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۈچ ناھىيەدىكى 21 مىڭ ئاھالە جۇڭگونىڭ توكىنى ئىشلەتتى.

## يولداش لى كاڭنىڭ ۋاپات بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ سابىق بۆلۈم باشلىقى يولداش لى كاڭنىڭ(نازىر دەرىجىلىك) كېسەل سەۋەبىدىن 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شاڭخەيدە 83 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش لى كاڭنىڭ جېجياڭ دىڭخەيدىن، 1937 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1978 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا پېنسىيەگە چىققان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇرۇندى خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداپ، سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلىتىنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇرۇندى خەلقىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن. زۇڭتۇڭ ئېنكۇرۇنزىزا ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو بىلەن بۇرۇندىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقىرىپ، جۇڭگو بىلەن بۇرۇندىنىڭ «پۈتۈن ھاۋا رايىلىق» ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ ۋاپاتى بۇرۇندى خەلقى ئۈچۈن ئېغىر، زور يوقىتىش بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا جۇڭگو ـ بۇرۇندى دوستلۇق ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئېغىر، زور يوقىتىش. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ بۇرۇندى ئىككى دۆلەتنىڭ «پۈتۈن ھاۋا رايىلىق» دوستلۇقىنى قەدىرلەيدۇ، داۋاملىق تۈردە بۇرۇندى تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

## غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزەيلى»

تيانشان مۇلاھىزىسى

□ شۇ چىڭگۇاڭ

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەل ئارىسىدىن، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن كەلگەن، يەرگە، يېزىلارغا يىلتىز تارتىپ، زامانلاردىن بۇيان كىشىلەر قەلبىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، كىچىك توپتىن خوشلىشىپ، ئاۋامغا يۈزلىنىپ، تارىخنى قوزغىتىپ، دەۋرگە سىڭىشكەندىلا، ئاندىن ھاياتلىق يېڭى شاخلىرى باراقسانلىشىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ كەلگۈسىگە ئاتلانغىلى بولىدۇ.

«مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي مىراسلار كۈنى» يېتىپ كېلىش پەيتىدە، ئاپتونوم رايونىمىز «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە رەڭ بېرىدۇ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساغلام تۇرمۇشقا ۋارىسلىق قىلىدۇ»نى باش تېما قىلىپ، تور سىرتىدىكى بىلەن توردىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش شەكلى ئارقىلىق مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مول، ئاجايىپ گۈزەل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى پۇرسەت بىلىپ، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈش»كە تۈرتكە بولۇش — «ئۆيدىلاردا ساقلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، كەڭ تۇپراققا سىڭگەن مىراسلار، قەدىمكى كىتابلارغا پۈتۈلگەن يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنى جانلاندۇرۇش» دېگەنلىك، شۇنداقلا ئۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپىدۇر.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈش»تە، يېڭىلىق يارىتىشقا كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقالغان مىللىي تارىخىي داستانلاردىن تېز چۆرگىلەپ ئوينىلىدىغان شادىيان ئۇسسۇللارغىچە، يەنە نۇرغۇن ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن تارىخىي ئىزلارغىچە، شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى مول، رەڭگارەڭ. بۇ «مەدەنىيەت گۆھەرلىرى»نى قەدىرلىنىدىغان، ئېقىشلىق، يېقىن قىلىش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار «ئىجادچان ئايلاندۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىشچان راۋاجلاندۇرۇش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شەكىل، مەزمۇن، ئۇسۇل، ۋاستىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ئارقىلىق بارغانسېرى كۆپ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ سىرلىق پەردىسىنى ئېچىپ، كىشىلەر ياقتۇرىدىغان بىر خىل مەۋجۇتلۇققا ئايلاندۇردى. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئېيتىپ بەردىكى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئاساسى، ئەنئەنىۋى ئەقىل ـ پاراسەت، ھازىرقى زامان قىممىتىنى چوڭقۇر قازغاندىلا، تېخىمۇ كۆپ ئىدىيەۋىيلىككە ئىگە، سۈپەتلىك، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولىدۇ؛ تېخنىكا «يا»سى ئارقىلىق مەدەنىيەت «ئوقى»نى ئېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بۇلۇت»قا كۆپرەك چىقىپ، «تور» بىلەن دائىم ئۇچراشقاندىلا، يېڭى تېخنىكىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تارقىلىش داۋامىدىكى قوللىنىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ مەۋقەنى شىنجاڭغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى كۆزلەپ، دۇنياغا يۈزلەنگەندىلا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈش»نى رېئال ئېھتىماللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈش»تە، سىڭدۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. خوتەن شەھىرىنىڭ جىيا يېزىسى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى + نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» يولىدا ماڭدى، ئەتلەس كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىشىدا «ئېنىقلىق»نى ئاشۇردى، ئەتلەس توقۇش ئەنئەنىۋى ھۈنىرىمۇ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قولىدا ۋارىسلىق قىلىنىشقا ئېرىشتى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى + ساياھەت» قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، رايون خاسلىقىغا ئىگە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى باش تېمىسىدىكى ساياھەت لىنىيەسى ئاچتى، شۇ جاينىڭ قاپاق ئويمىچىلىقى، كەشتىچىلىكى، ئەنئەنىۋى قەلەمتىراش قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى… غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جانسىزلىقتىن جانلاندۇرۇپ، خەلققە يىراقلىقتىن خەلققە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا گىرەلەشتۈرگەندىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق چوڭ دەۋر تېمىسىغا سىڭدۈرگەندىلا، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئاندىن ئىچكى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ.

«شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭنىڭ «دۆلەت دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن تۈرلىرىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 83ى، 294ى بار.» شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كۆپلىگەن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مەھسۇلاتلىرى ھەم ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەنىۋى تايانچى، شۇنداقلا كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشتىكى بايلىق. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرگۈزۈش» كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىنىڭ تەركىبىي ئامىلىغا ئايلاندى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن سۈپەتلىك ماركىنى جۇلالاندۇرۇش سىزنىڭ، مېنىڭ، ئۇنىڭ ئورتاق بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى.